السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# بۇ جىلغا ۋە ۋادىلاردا تارقاق يەرلىشىشىڭلار ھەقىقەتەن شەيتاندىندۇر

ئەبۇ سەئلەبە ئەلخۇشەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللادىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: كىشىلەر بىرەر مەنزىلگە چۈشكەندە جىلغا ۋە ۋادىلاردا تارقاق ھالدا يەرلىشەتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بۇ جىلغا ۋە ۋادىلاردا تارقاق يەرلىشىشىڭلار ھەقىقەتەن شەيتاندىندۇر» دېدى. ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىن بىرەر مەنزىلگە چۈشسە يىغىلىپ ئولتۇراتتى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

كىشىلەر سەپەر جەريانىدا بىرەر ئورۇنغا چۈشكەندە جىلغا ۋە ۋادىلاردا تارقاق يەرلىشەتتى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا: ئۇلارنىڭ تارقالىشىپ يەرلىشىشىنى، ئاللاھنىڭ يېقىن بەندىلىرىنى قورقۇتۇپ، دۈشمەنلىرىنى قوزغۇتۇش ئۈچۈن شەيتاندىن بولغان ئىش دەپ خەۋەر بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ساھابىلار بىرەر ئورۇنغا چۈشسە بىر-بىرى بىلەن تۈپلۈشۈپ تۇراتتى، ھەتتا ئۇلارغا بىر پارچە رەختنى پاياندازا قىلىپ سېلىپ بېرىلسە يېقىن تۇرغانلىقىدىن سىغىشىپ كېتەتتى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/5948

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee